**3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى**
**تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى**

### قىزىلقايىك كەنتى:

# ئولتۇراقلىشىشقا، ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا باب كەلگەچكە كەنت گۈزەللەشتى، خەلق بېيىدى

**يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ كۆركەم يۈكسەك رەسىمىنى تىرىشىپ سىزىپ چىقايلى**

□ ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى
جاڭ تىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىر ۋاڭ سۇڭ

1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سەھەردىلا، بۇرچىن ناھىيەسى چۇڭقۇر بازىرى قىزىلقايىك كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى يېسبولات دەلەيقان پاختىلىق چاپىنىنى كىيىپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ كەنت ئاھالە كومىتېتى قورۇسىغا قاراپ ماڭدى. يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، بۇرچىن ناھىيەسىنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك تۇمان سۆڭگىسى بايرىمى چۇڭقۇر بازىرىدا باشلىنىدىكەن، بۇ كۈنلەردە، كەنت «ئىككى كومىتېت»ى، خىزمەت گۇرۇپپىسى ـ ئادەت ئائىلە زىيارىتى ساياھەت جەمئىيىتى زىيارەت قىلىنىدىغان ئائىلىلەر ۋە پارتىيە ئەزالىرى ئۆلگە كۆرسىتىش ئائىلىلىرىنى يىغىپ، مۇددەتتىن بۇرۇن تەييارلىقنى ياخشى قىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قىزىلقايىك كەنتى تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئۆلگىلىك، يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «پارتىيە ياچېيكىسى+جەمئىيەت+پارتىيە ئەزالىرى+تىجارەتچىلەر» تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، ساياھەتچىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى بويىچە ھاللىق كەنت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتتى، كەنتنىڭ ھەممە يېرىدە كۈلكە سادالىرى ياڭرىدى.

### بىرىكمە كۈچنى مۇجەسسەملەش ساياھەتچىلىك ئارقىلىق بېيىش يولىغا مېڭىش

كەنتكە كىرىدىغان بىرلا تاغ يولى بار ئىدى، كېسەك ئۆي، تاش ئۆيلەردە ئولتۇراتتى، تاشلىق يەردە تېرىقچىلىق قىلاتتى، بۇ، قىزىلقايىك كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىنىڭ ئەينەن تەسۋىرى ئىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، كەنت ئاھالىلىرى ئومۇمىي گەۋدە بويىچە تاغ ئېتىكىگە كۆچۈپ، ئەسلىھەلىرى تولۇق بولغان ئەمىن ئۆيلەردە ئولتۇردى، يەنە ئۆزگىچە پۇقراۋى قونالغۇ، ئائىلە زىيارىتى ئۆيى سېلىپ، كۈنلىرى بارغانسېرى ياخشىلاندى.

قىزىلقايىك كەنتىدە قانداق قىلىپ بۇنچىلىك ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈزبەردى؟ «ئەڭ ئاچقۇچلۇقى تەشكىلنىڭ كۈچلۈكلۈكىدە.» كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئېرلىك زىيابان مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇرچىن ناھىيەسى باھالاش ۋە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، پارتىيەنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنىڭ ياچېيكىلاردا ئەمەللىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ ئۈستۈرۈپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

2016 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، كەنت «ئىككى كومىتېت»ى ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىش، كەنتتىكى پارتىيە ئەزالىرى، بىرلەشمە ئائىلە باشلىقلىرى، كەنت ئاھالىسى ۋەكىللىرى بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئېچىش ئارقىلىق، ناھىيەلىك ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يېتىشتۈرۈش بازىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى نەق مەيداندا يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلىشنى قارار قىلدى. تەرەققىيات مۇھىم نۇقتىسى، ساياھەت ئورنىنى بېكىتىش، پائالىيەتنى پىلانلاش قاتارلىق جەھەتلەردە بەش يىللىق تەرەققىيات پىكىر يولىنى تۈزدى، يەنە باشلامچىلىق بىلەن خىزمەت گۇرۇپپىسى ـ ئادەت ئائىلە زىيارىتى ساياھەت جەمئىيىتىنى قۇردى.

تەشكىل كۈچەيسە ھەممە كەسىپ گۈللىنىدۇ، كەنت ئاھالىلىرى بېيىيدۇ. چۇڭقۇر بازىرىنىڭ ئۇزاق مەدەنىيەت ئاساسى، مول ساياھەت بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، قىزىلقايىك كەنتى «ئىككى كومىتېت»ى كەنت ئاھالىلىرىنى ساياھەتچىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكلىدى، بارغانسېرى كۆپ كەنت ئاھالىسى ساياھەتچىلىككە تايىنىپ بېيىش يولىغا ماڭدى. «كەنت كادىرلىرى دائىم ھويلا ـ ئارانلارنى تازىلىشىمىزغا، گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخ ئۆستۈرۈشىمىزگە، پۇقراۋى قونالغۇنى رېمونت قىلىشىمىزغا ياردەملىشىدۇ، كەنت گۈزەللەشتى، كەنتكە كېلىدىغان ساياھەتچىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى» دېدى كەنت ئاھالىسى راقات نەسىپقان.

تۆت يىل ئىلگىرى، قىزىلقايىك كەنتىنىڭ كەنت كوللېكتىپ كىرىمى 50 مىڭ يۈەنگە يەتمەيتتى، 2020 ـ يىلى كەنت كوللېكتىپ ئىقتىسادى 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 16 مىڭ 300 يۈەن بولدى.

### تىپ تۇرغۇزۇش ئۆلگە كۆرسىتىش باشلامچىلىرىنى توغرا تاللاش

2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى سەھەردە، 13 ـ نومۇرلۇق زىيارەت قىلىنىدىغان ئائىلىدىكى قارقىن تاۋتان ئوقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدى، بۇ كۈنى ئۇ 12 ساياھەتچىنىڭ چۈشلۈك تاماقىنى ئۈستىگە ئالاتتى، بىر يىللىق كۈتۈۋېلىش تەجرىبىسىگە ئىگە قارقىننىڭ تەييارلىقى تولىمۇ تولۇقتەك كۆرۈنەتتى.

ئىللىق ئۆي، ئىسسىق ئەتكەنچاي، مەززىلىك قورۇتۇلغان گۆش، تەملىك تورت... قازاق مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەكلىكلىرى بىر ـ بىرلەپ ئۈستەلگە تىزىلدى، ناخشا ـ ئۇسسۇللارمۇ تەييار بولدى، «مېھمانلارنىڭ يولىغىلا قاراپ قالدۇق» دېدى قارقىن خۇشال ھالدا.

خۇڭجىيلىن ئۆرپ ـ ئادەت ئائىلە زىيارىتى ساياھەت جەمئىيىتىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ئۆلگە كۆرسىتىش ئائىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىر يىلدىن بۇيان قارقىن ئىقتىسادىي كىرىمگىلا ئەمەس، يەنە ئىگىلىك تىكلىگەندىكى پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا ئېرىشتى. «دەسلەپتە ھېچنېمىنى بىلمەيتتىم، ھازىر ئىشقا پىشتىم، تىجارىتىم بارغانسېرى جانلاندى، بېيىش ئىشەنچىممۇ بارغانسېرى ئاشتى. مەن كەنت ئاھالىلىرىگە ياخشى باشلامچى بولۇپ، كۈنلىرىمىزنى بىرلىكتە ياخشى ئۆتكۈزىمىز.» قارقىننىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچى تولۇپ تاشتى.

2019 ـ يىلدىن بۇيان، قىزىلقايىك كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى پارتىيە ئەزالىرى تىجارەتتە ئۆلگە كۆرسىتىش ئائىلىلىرىنى باھالاش، ساياھەت ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ئەزاسى بار بىر ئائىلە ئاز دېگەندە ئۈچ ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسىگە ياردەم بېرىش ـ يېتەكلەش شەكلىنى قوللىنىپ، كىرىمنى ئورتاق ئاشۇرۇپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

بۈگۈنكى كۈندە، خۇڭجىيلىن ئۆرپ ـ ئادەت ئائىلە زىيارىتى ساياھەت جەمئىيىتىدە پارتىيە ئەزالىرى ئۆلگە كۆرستىش ئائىلىسىدىن 11ى بار، پۈتۈن كەنتتىكى 37 ئائىلىلىك دېھقان ـ چارۋىچىنىڭ بۇ جەمئىيەتكە ئەزا بولۇشىغا تۈرتكە بولۇندى، پۇقراۋى قونالغۇ ئۆلچەملىك ياتاقىدىن 44 ئېغىز تەسىس قىلىندى، بىر قېتىمدا 82 ساياھەتچىنى كۈتۈۋېلىپ ياتاقلاشتۇرالايدۇ. جەمئىيەت قۇرۇلۇپ ھازىرغىچە، جەمئىي 26 مىڭ 300 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدى، ساياھەت كىرىمى 3 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

### ئېكولوگىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش ھاللىق سەۋىيەگە يەتكەن ئەڭ گۈزەل كەنت بەرپا قىلىش

قىزىلقايىك كەنتىدە ھازىر دېھقانلار ئارامگاھىدىن 12سى بولۇپ، 100دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. «مېنىڭ دېھقانلار ئارامگاھىمدا تاماق يېيىش ئۈچۈن بىر ھەپتە بۇرۇن زاكاز قىلىش كېرەك، 2020 ـ يىلى مەن 80 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپتىم» دېدى كەنت ئاھالىسى بېكتقان ئۇتارباي ئىنتايىن خۇشال ھالدا.

2017 ـ يىلدىن بۇيان، بۇرچىن ناھىيەسى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ھاللىق كەنت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى. بۈگۈنكى كۈندە، قىزىلقايىك كەنتىدىكى ئاساسلىق غول يوللارنى قاتتىقلاشتۇرۇش نىسبىتى 100%كە يەتتى؛ تۇرۇبا سۈيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 100%كە يەتتى؛ كەنت رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، سىمسىز تور سىگنالى بىلەن تولۇق قاپلاندى؛ دېھقان ـ چارۋىچىلار ئائىلىلىرىدە پاكىز ھاجەتخانىلارنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 100%كە يېتىپ، كەنت قىياپىتى يېپيېڭى تۈسكە كىردى.

قىزىلقايىك كەنتى يەنە كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى مەدەنىي يېڭى كەنت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، بۇنى كەنت قائىدىسى ـ ئاھالىلەر ئەھدىنامىسى، نومۇر جەملەش تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «ياخشى كېلىن، ياخشى قېيىنئانا» «ئەڭ گۈزەل ئائىلە» قاتارلىق باھالاش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق مەدەنىي تېپىلارنى تۇرغۇزدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ۋە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، قىزىلقايىك كەنتىدە «ئۆي ئىچى زامانىۋى بولۇش، ئۆي سىرتى يېشىل، پاكىز، گۈزەل بولۇش»تەك ياخشى قىياپەت بارلىققا كەلدى.

ئېرلىك مۇنداق دېدى: بۇ يىل كەنت «ئىككى كومىتېت»ى ئورمانچىلىق ۋە يەر بايلىقىنى جانلاندۇرۇپ، گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشى ئارقىلىق گۈزەل ئىقتىسادقا تۈرتكە بولۇشنى پىلانلىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇرچىن ناھىيەسىدە خۇڭجىيلىن ئائىلىۋى قونالغۇ ئائىلە زىيارىتى جەمئىيىتى، ئات چانىسى جەمئىيىتى، قاناس قوغۇنى پىششىقلاش جەمئىيىتى قاتارلىق بېيىتىش تىپلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ، 2000دىن ئارتۇق دېھقان ـ چارۋىچىنىڭ ساياھەتچىلىككە قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، 800دىن ئارتۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى. ساياھەتنىڭ كاسات مەزگىلىدە، بۇ ناھىيە يەنە «پارتىيە ئەزالىرى ئۆگىنىشنى يەتكۈزۈش» كىچىك ئەترىتىدىن بەشنى تەشكىللەپ قۇرۇپ، كەنت (مەھەللە)لەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ «بېيىش دەستۇرى»نى تەشۋىق قىلدى ھەم ساياھەت تىجارىتىنى باشقۇرۇش، قولدا كەشتە تىكىش، پېچىنە ـ پىرەنىك پىشۇرۇش قاتارلىق شۇ جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش كۇرسلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى تۇرلۇك ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشكە قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇردى، يېتەكلىدى.

«بۇ يىل بۇرچىن ناھىيەسى ‹پارتىيە قۇرۇلۇشى +› ئەۋزەللىكىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، كۈچنى مۇجەسسەملەپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى يېتەكلەپ پۈتۈن رايون ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش يولىدا داغدام قەدەم بىلەن ماڭىدۇ» دېدى بۇرچىن ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ مىن.

### ئاۋات ناھىيەسىدىكى «ئۈزۈمچىلىك كەنتى»:

# ياخشى ئېكولوگىيە، ياخشى كەسىپ، ياخشى تۇرمۇش

**يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ كۆركەم يۈكسەك رەسىمىنى تىرىشىپ سىزىپ چىقايلى**

□ ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى
جاڭ جىلى

1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سەھەردە، «ئۈزۈمچىلىك كەنتى» دەپ نام ئالغان ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ئايباغ يېزىسى تۆۋەنكى قاغمۇش كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى راخمان خېلىل تراكتورىنى ھەيدەپ ئەخلەت يىغىۋاتاتتى، شۇ كەنتتىكى مەۋلان ئابلا سوغۇق ساقلاش ئامبىرىغا بېرىپ شۇ كۈنى سېتىلىدىغان ئۈزۈملەرنى توشۇش ئۈچۈن ماڭدى، ئابلاجان مەتتۇردى بازارغا بېرىپ دېھقانلار ئارامگاھىغا كېرەكلىك يېمەكلىك ماتېرىياللىرىنى سېتىۋالدى، كەنتتىكى ياشانغانلار ئىستىراھەت مەيدانىدا سەيلە قىلىۋاتاتتى، ياشلار توكسكلىتلىق ئىشقا ماڭغانىدى.

«ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدىرايدىغان ئىشى ئوخشىمايدۇ، ئەمما بەختكە بولغان ھېسسىياتى ئوخشاش، چۈنكى كۆپچىلىك ياشاۋاتقان مۇھىت بەكلا ياخشى.» راخماننىڭ دېيىشىچە، ئۇ كەنتتە ئەخلەت توشۇغان ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىتتا، ئەتراپىدىكى كىچىككىنە ئۆزگىرىشلەرنىڭمۇ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىپتۇ.

### خاس ماركا يارىتىشتا ئالدى بىلەن ئېكولوگىيە ماركىسى يارىتىش

قىش كۈنلىرى، تۆۋەنكى قاغمۇش كەنتىدىكى پاكىز ئاسفالت يولنى بويلاپ، تۈۋتاش كەتكەن ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا ماڭغاندا، توپ ـ توپ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئازادە تۇرالغۇلىرىدا ئۈزۈمچىلىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى يوللىرى توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى، پاكى پارىڭىتا كۆكتات، گۈل ـ گىياھ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، قىشنىڭ سوغۇقى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قىزغىنلىقىنى توسۇپ قالالمىغانىدى.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ تۆۋەنكى قاغمۇش كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى تاڭ جيەنمىن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشتە ئېكولوگىيەسى ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىش ئاچقۇچ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشىنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشتىكى مۇھىم تۇتقا قىلىپ ئەمەللىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى، كەنت قىياپىتى گۈزەللەشتى، «ئۈزۈمچىلىك كەنتى»نىڭ خاسلىقى تېخىمۇ گەۋدىلەندى.

كەنتتە دېھقانلار ئارامگاھى تىجارىتى قىلىدىغان ئابلاجاننىڭ سودىسى ياخشى بولغانىدا كۈنىگە 2000 ــ 3000 يۈەنگىچە كىرىم قىلالايدۇ. ئۇ شەھەرلىكلەرنىڭ «ئۈزۈمچىلىك كەنتى»نىڭ كەنت خاسلىقىنى دەپ كېلىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇل ئەسلىھەلەر ياخشىلانمىسا، مۇھىت تازىلىقى ياخشى بولمىسا، ئۈزۈمنى ھەرقانچە كۆپ ئۆستۈرگەن بىلەنمۇ ھېچكىمنىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. 45 ياشقا كىرگەن ئۇ «ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ئۈستىبېشى توپا بولۇپ كېتىش، يامغۇر ياغقان كۈنلىرى ئايىغى لاي بولۇپ كېتىشنىڭ»، كەچتە يول چىرىغى بولماسلىق، ئەخلەتلەرنى قالايمىقان تۆكۈشنىڭ جاپاسىنى يەتكۈچە تارتقانىدى، «يول بەك ناچار بولغاچقا، ئۈزۈملەرنى سېتىشمۇ تەسكە توختايتتى. بازارغا، كەنت ئاھالە كومىتېتىغا بېرىپ كەلگۈچە، ئۈستىبېشىمىز توپا بولۇپ كېتەتتى».

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تۆۋەنكى قاغمۇش كەنتى نامراتلارنى يۆلەش، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش قاتارلىق تۈر مەبلەغلىرىنى بىرىكتۈرۈپ، كەنت يوللىرىنى قاتتىقلاشتۇردى، يەنە ئىككى كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۈزۈم كارىدورى ياسىدى. ئۈزۈم باراڭلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىپ، ئۈزۈم سورتىنى ئەلالاشتۇرۇپ سۈپىتىنى ئۆستۈردى، كەنت دەرىجىلىك مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، ئىستىراھەت مەيدانى، ساياھەتچىلەر ھاجەتخانىسى، ساياھەتچىلەر مۇلازىمەت ـ كۈتۈۋېلىش مەركىزى، دولان قەدىمىي تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار پۈتۈن كەنتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى. كەنتنىڭ مۇھىتى ياخشىلىنىپ، ئۈزۈم سېتىۋالغىلى، سەيلە ـ ساياھەت قىلغىلى كېلىدىغانلار بارا ـ بارا كۆپەيدى، كەنت ئاھالىلىرى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ياخشىلاشنىڭ پايدىسىنى كۆردى.

ئېكولوگىيە گۈزەللىكى «ئۈزۈمچىلىك كەنتى»نىڭ تونۇلۇش دەرىجىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى. 2020 ـ يىلى گەرچە يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بۇ يەرگە تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش، سەيلە ـ ساياھەت قىلىشقا كەلگەن مېھمانلار يەنىلا 50 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ كەنت ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشتىكى مەدەنىيلىكتىن ئۆلگە كۆرسىتىش كەنتى، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ـ كەنت ساياھەتچىلىكىدىكى نۇقتىلىق كەنت بولۇپ باھالاندى، كەنتتىكى ئۈزۈمچىلىك كەنتى ساياھەت مەنزىرە رايونى دۆلەت 3A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى بولۇپ باھالاندى. «‹14 ـ بەش يىل› مەزگىلىدە، ‹ئۈزۈمچىلىك كەنتى› ئېكولوگىيەنى گۈللەندۈرۈش ئاساسىدا تېخىمۇ روشەن بولغان ساياھەتچىلىك خاسلىقىنى شەكىللەندۈرۈپ، تونۇلۇش دەرىجىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈرىدۇ» دېدى تاڭ جيەنمىن.

### كىرىمنى ئاشۇرۇش ھېساباتى قىلىشتا ئالدى بىلەن ئېكولوگىيە ھېساباتى قىلىش

«بىز باشلامچى بولۇپ ئۆي، ھويلا ـ ئارانلارنى تېخىمۇ ياخشى رەتلىشىمىز كېرەك، ئولتۇراق مۇھىتىمىز ياخشى بولسا، مۇسەللەس كەسپىمىز تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىدۇ» دېدى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تۆۋەنكى قاغمۇش كەنتىدىكى مۇسەللەس ھاراق قورۇسىدا ھاراق قورۇسىنىڭ ئىگىسى ئىمىن ئەمەر مۇسەللەس ياساش ۋارىسى قەيسەر مەمەتكە.

ئاۋات ناھىيەسى «جۇڭگونىڭ مۇسەللەس يۇرتى». ئەڭ دەسلەپتە تۆۋەنكى قاغمۇش كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىلىرى ئۈزۈمنى ئاساسلىقى ئۆزلىرى ئىستېمال قىلىش ۋە مۇسەللەس ئېچىتىش ئۈچۈن ئۆستۈرەتتى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ۋە مۇسەللەس ئىشلەپچىقىرىش كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىدىكى مۇھىم يولىغا ئايلاندى.

تۆۋەنكى قاغمۇش كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى رەيھانگۈل مەمەتنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئىمىن كەنتتىكى بېيىش باشلامچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ھويلىسى چوڭ، ئۆيى كۆپ بولغاچقا، خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىنى مۇسەللەس ھاراق قورۇسى قىلىپ ئۆزگەرتكەن. ساياھەتچىلەر بۇ يەردە مۇسەللەس ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر سەنئىتى جەريانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان تەمدىكى مۇسەللەسلەرنى تېتىيالايدۇ، يەنە ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسى ئارقىلىق مال زاكاز قىلىپ سېتىۋالالايدۇ.

ھويلا ـ ئارانى ئۆزگەرتىپ بولغاندىن كېيىن، قەيسەرنىڭ ئۆيىدە زامانىۋى مۇسەللەس پىششىقلاش ھۈنەرخانىسى بار بولدى، 2020 ـ يىلى 50 تونىنغا يېقىن مۇسەللەس ئىشلەپچىقىرىپ، مەھسۇلاتى ئاۋات ناھىيەسىدىن چىقماي تۈرۈپلا سېتىلىپ تۈگىدى.

تۆۋەنكى قاغمۇش كەنتىدىكىلەر ئۈزۈم ئۆستۈرگەندە مەھەللىۋى ئوغۇت ئىشلىتىپ، باغۋەنچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئۈزۈم ھوسۇلى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈردى. كەنت يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى مەۋلان ئابلا مۇنداق دېدى: «كەنتىمىزدە ئۈزۈم ئۆستۈرۈلگەن كۆلەم 2800 موغا يەتتى، مو بېشى ھوسۇلى ئېشىپ ئىككى توننىغا يەتتى، مەھسۇلاتلار يىراقتا شىئەن، چېڭدۇ قاتارلىق جايلارغا سېتىلدى. ھازىر كەنت ئاھالىلىرى ئۆيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە پۈتۈنلەي ئۈزۈم ئۆستۈرۈۋاتىدۇ».

كەنتنىڭ مۇھىتى ياخشىلاندى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ پۇل تېپىش پىكىر يولىمۇ جانلاندى. تۇرسۇنگۈل داۋۇت قاتارلىق كەنت ئاھالىلىرى كەنتنىڭ مەنزىرە رايونىغا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆيىدە ئۇششاق يېمەكلىكلەر دۇكىنى ئاچتى.

### بېيىش يولىدا مېڭىشتا ئالدى بىلەن ئېكولوگىيە يولىدا مېڭىش

1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، تۆۋەنكى قاغمۇش كەنتىدىكى پۇقرا تەشۋىقاتچى ئەبەر ئابلا قوشنىلىرىغا لېكسىيە سۆزلىگەندە مۇنداق دېدى: «مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنىدا يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىپ، ھاجەتخانىلارنى ئۆزگەرتىش ۋە پاسكىنا سۇ، ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش كېرەك، دەپ تەكىتلەندى. كەنتىمىز بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئېكولوگىيە يولىدا داۋاملىق تىرىشىدۇ».

تاڭ جيەنمىن مۇنۇلارنى تونۇشتۇردى: بۇ ئىككى يىلدا، تۆۋەنكى قاغمۇش كەنتىگە تۈرگە ئايرىش ئەخلەت تۆكىدىن 1000دىن ئارتۇقى قويۇلدى، 300 دىن ئارتۇق ھاجەتخانا زىيانسىزلاندۇرۇلغان پاكىز ھاجەتخانا قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، «ئۈچ رايونى ئايرىغان» دېھقان ئائىلىسى 200دىن ئاشتى، ھويلىدىكى بىكار تۇرغان يەر بايلىقىدىن ئەڭ زور چەكتە پايدىلىنىلىپ، گۈل ـ گىياھ، مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات، چارۋا، ئۆي قۇشلىرى ئايلانما ئېكولوگىيەلىك ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، پۈتۈن كەنت ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىدۇ.

«ھازىر كەنتتىكى ھەممە ئائىلە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى بويىچە ئۆلگە كۆرستىش ئائىلىسى بولۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كوچىمە قىزىل بايراقنى كۆپرەك ئېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ» دېدى كەنت ئاھالىسى ئالىم ئوسمان. ئېكولوگىيەنى ياخشىلاش كەسىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، ئۇنىڭغا ئوخشاش ھۈنىرى بار ياشلار كەسكىنلىك بىلەن يەرلىرىنى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ئوبوروت قىلىپ بېرىپ، بىر تەرەپتىن ئىجارە ھەققى ئالدى، يەنە بىر تەرەپتىن ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلدى.

مۇخبىر تۆۋەنكى قاغمۇش كەنتى يېڭىدىن تۈزگەن «كەنت قائىدىسى ـ ئاھالىلەر ئەھدىنامىسى»نىڭ «قىزىل ئون ماددىسى»دا ھويلا ئىچى، ھويلا سىرتىنىڭ تازىلىقى مەينەت، قالايمىقان، ناچار بولغانلار؛ كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا قالايمىقان قۇرۇلۇش قىلغانلار؛ مەدەنىي بولمىغان، ئەدەپلىك بولمىغان، گەپ ـ سۆزدە، ئىش ـ ھەرىكەتتە قوپال بولغانلار... يۇقىرىدا ئېيتىلغان قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلارغا قارىتا، كەنت «ئىككى كومىتېت»ى تەنقىد ـ تەربىيە بېرىدۇ، دەپ يېزىلغانلىقىغا دىققەت قىلدى.

تېخىمۇ كۆپ بولغىنى مۇكاپاتلاش تەدبىرلىرى، مەسىلەن، ھەربىر كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسىدا بىر كۆچمە قىزىل بايراق تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ھەر ئايدا بىر قېتىم باھالىنىدىكەن؛ كەنت ئاھالىلىرى مىنىرال سۇ بوتۇلكىسى قاتارلىق يىغىۋېلىشقا بولىدىغان ئەخلەتلەرنى جۇغلانما نومۇرغا ئالماشتۇرۇپ، جۇغلانما نومۇرنى «مېھىر ـ شەپقەت تالالا بازىرى»غا ئېلىپ بېرىپ مۇناسىپ تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئالماشتۇرسا بولىدىكەن. تاڭ جيەنمىن مۇنداق دېدى: كەنت مېۋە ـ كۆكتات ئۈزۈش ساياھىتى قاتارلىق ھېس قىلىش شەكلىدىكى ساياھەتچىلىكنى كۈچەپ تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساياھەت تەرەققىياتى بىلەن ئېكولوگىيە تەرەققىياتى بىر ـ بىرىنى تولۇقلاۋاتىدۇ.